# مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ ساياھىتى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتۇر

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى!ماڭا ساياھەت قىلىشقا رۇخسەت قىلسىلا؟دېدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ ساياھىتى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتۇر» دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

بۇ ھەدىستە ئىبادەتنىڭ ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ توختىتىپ بېرىشى بىلەن بولىدىغانلىقى، مۇسۇلماننىڭ ئىبادەتنى ئۆزى خالىغان شەكىلدە ئەمەس بەلكى ساغلام شەرئەت بەلگىلەپ بەرگەن كەيپىياتقا مۇۋاپىق ھالەتتە ئېلىپ بېرىش كېرەكلىكىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن زېمىندا ساياھەت قىلىشنى مەقسەت قىلغان كىشىگە ئىبادەتنىڭ ھەقىقىتىنى بايان قىلىپ بەردى، زېمىندا ئىبادەت قىلىمەن دەپ سەيلى-ساياھەت قىلىش بولسا خرىستىئانلارنىڭ ئىشى بولۇپ، زېمىندا ساياھەت قىلىش دېگەن زېمىندا ئىسلام دىنىنى تارقىتىش بولىدۇ، ئىسلام ئەھلىنىڭ ساياھىتى بولسا ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتىن ئىبارەت

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5033